# ئەبۇ سالىھ بىزنى ئۇخلىماقچى بولغاندا ئوڭ تەرەپنى بېسىپ يېتىشقا بۇيرىيتتى

سۇھەيل: ئەبۇ سالىھ بىزنى ئۇخلىماقچى بولغاندا ئوڭ تەرەپنى بېسىپ يېتىشقا، ئاندىن بۇ دۇئانى ئوقۇشقا بۇيرىيتتى: «ئى ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلۇغ ئەرشنىڭ ئىگىسى، بىزنىڭ ۋە پۈتۈن كائىناتنىڭ رەببى، ئۇرۇق ۋە دانلارنى ياراتقۇچى، تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئاننى چۈشۈرگۈچى ئاللاھ!، سەن بىلەن سېنىڭ ئىلكىڭدىكى ھەر نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، سەن ئەۋۋەلسەن ، سەندىن ئىلگىرى ھېچ نەرسە يوق، سەن مەڭگۈلۈكسەن، سېنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە باقى ئەمەس، سەن ئاشكارىسەن، سەندىن ئۈچۈق ھېچ نەرسە يوق، سەن مەخپىيسەن، سېنىڭدىن مەخپي ھېچ نەرسە يوق، بىزنى قەرىزدارلىقتىن قۇتقازغىن ۋە پېقىرلىقتىن ئازات قىلغىن» دېدى، سۇھەيل بۇ ھەدىسنى ئەبۇ ھۇرەيرىدىن، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم "سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنى ئۇخلىماقچى بولغاندا كۆرپىدە ئوڭ تەرەپنى بېسىپ يېتىپ، ئاندىن بۇ دۇئانى ئوقۇشقا بۇيرۇيتتى: «ئى ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلۇغ ئەرشنىڭ ئىگىسى، بىزنىڭ ۋە پۈتۈن كائىناتنىڭ پەرۋىشچىسى بولغان ئاللاھ!»، يەنى: ئاسمان-زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى، ياراتقۇچىسى، ئىگىسى، ئۇ ئىككىسىدە تۇرىدىغانلارنىڭ تەربىيلىگۈچىسى، ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى، ياراتقۇچىسى ۋە ئىگىسى، بارلىق ئىنسانلارنىڭ ياراتقۇچىسى، ئىگىسى، تەربىيلىگۈچىسى ۋە ھەر شەيئىنىڭ پەرۋەردىگارى. «ئۇرۇق ۋە دانلارنى ياراتقۇچى» يەنى: ئۇرۇق ۋە دانلارنى يېرىپ ئۇنىڭدىن زىرائەت ۋە خورمىلارنى چىقارغۇچى، بۇ يەردە خورما بىلەن داننى سۆزلىشى، شۇ ۋاقىتتا ئەرەپ زېمىنىدا بۇ ئىككىسى ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ ياخشى يېمەكلىك ھېسابلىناتتى.«تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئاننى چۈشۈرگۈچى» يەنى: مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەۋراتنى، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئىنجىلنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاننى نازىل قىلغۇچى!. «سەن بىلەن ئىلكىڭدىكى ھەر نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» يەنى: سەن ياراتقان ھەر قانداق مەخلۇقنىڭ يامانلىقىدىن سەن بىلەن ساقلىنىمەن ۋە پاناھلىنىمەن، چۈنكى ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ھۆكۈمرانلىقىڭدا، سېنىڭ ئىلكىڭدە ۋە سېنىڭ باشقۇرۇشىڭدا. «سەن ئەۋۋەلسەن سەندىن ئىلگىرى ھېچ نەرسە يوق، سەن ئەبەدىسەن، سېنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە باقى ئەمەس، سەن ئاشكارىسەن، سەندىن ئۈچۈق ھېچ نەرسە يوق، سەن مەخپىيسەن، سېنىڭدىن مەخپى ھېچ نەرسە يوق»، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ تۆت ئىسمنى ئوچۇق چۈشەندۈرۈپ: «ئەۋۋەل»: ئاللاھدىن باشقا ھەممە نەرسىنىڭ كېيىن پەيدا بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ھەر بىر دىنى ۋە دۇنيالىق نېمەتتە پەرۋەردىگارىنىڭ مەرھەمىتىنى ئويلىشى كېرەك، چۈنكى ھەر نەرسىنىڭ سەۋەبى ۋە ئىشقا ئاشۇرغۇچىسى يەنىلا ئاللاھتۇر. «ئاخىر»: بۇ سۈپەت ئاللاھ تائالانىڭ ئەبەدى قالىدىغانلىقىنى، باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ يوقىلىدىغانلىقىنى، مەخلۇقاتلارنىڭ ئىبادىتى، رىغبىتى، ئەيمىنىشى، بارلىق تەلەپلىرى بىلەن يۈزلىنىدىغان، ھەممە مۇھتاج بولىدىغان زات ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. «ئاشكارا»: بۇ ئىسىم ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى، ئۇنىڭ ئۇلۇغلىقىنىڭ ئالدىدا بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بارلىق مەخلۇقاتلاردىن ھەقىقى ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. «يوشۇرۇن»: بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىگە يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەندەك، ئىنتايىن ئىنچىكى، مەخپى، يوشۇرۇن ئىشلاردىن، سىرلاردىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. «ئاشكارا بىلەن يوشۇرۇن» دېگەن سۈپەتلەرنىڭ ئارىسىدا زىتلىق يوق، چۈنكى سۈپەتلەردە ھېچ نەرسە ئاللاھ تائالاغا ئوخشىمايدۇ، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ يېقىنلىقىدا ئۈستۈن، ئۈستۈنلىكىدە يېقىندۇر. «ئى ئاللاھ! بىزنى قەرىزدارلىقتىن قۇتقازغىن ۋە پېقىرلىقتىن ئازات قىلغىن»، ئاخىرىدا ئاللاھ تائالادىن ئۆزىنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىپ، پېقىرچىلىقتىن بىھاجەت قىلىشىنى سورىدى